21- ئەسىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر
تېخنىكىسى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكى

# كومپيۇتېردا رەسىم بىر تەرەپ قىلىش

# Photoshop5.0~5.5

## 2



G6

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

Photoshop 5.0-5.5

2



15
G634.671
1
:2

21 ـ ئەسىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكى

# كومپيۇتېردا رەسىم بىرتەرەپ قىلىش

# Photoshop 5.0~5.5

# (2)

باش تۈزگۈچى: مىرشات لېتىپ

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ماينۇر مۆمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى: ئەكبەر سالىھ

21 - ئەسىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكى

# كومپيۇتېردا رەسىم بىرتەرەپ قىلىش

## Photoshop5. 0～5. 5

## (2)

باش تۈزگۈچى: مىرشات لىتىپ

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16 باسما تاۋىقى: 9.25
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 0001—5 000

---

ISBN 7—5631—1420—3/G・819
باھاسى: 11.50 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

计算机图像处理 Photoshop5.0/5.5/米尔夏提·力提甫主编.
— 乌鲁木齐:新疆大学出版社,2001.7
(21世纪中学信息技术教育基础教程系列丛书)
ISBN 7-5631-1420-3

Ⅰ. 计... Ⅱ. 米... Ⅲ. 图形软件,Photoshop5.0/5.5
—中学—教材—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. G634.671

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第047849号

策 划 人:伊布拉音·哈木都拉
责任编辑:阿迪力江·阿布都拉
责任校对:玛依努尔·穆明
封面设计:艾克拜尔·萨里

21世纪中学信息技术教育基础教程
**计算机图像处理**
**Photoshop5.0~5.5**
**(2)**
**米尔夏提·力提甫** 主编

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮编:830046)
新疆《工人时报》印刷厂印刷
新华书店经销
开本:787×1092 毫米　1/6　9.25 印张
2001年7月第1版　　2001年7月第1次印刷
印数:0001—5 000 册

ISBN 7-5631-1420-3/G·819
(维课)定价:11.50 元

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تاشلانماقتا، شۇنداقلا بۇ قەدەم ئاستىلىقتىن تەدرىجىي تېزلەشمەكتە. كىملكى مۇشۇ قەدەم بىرلىكىگە ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلىسە، ئۇ كەلگۈسىنىڭ غالىبلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر غايىلىك كېلىدۇ، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىدىن ئىبارەت «قولۋاق»نى تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق دولقۇنلىرىدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلۇغۋار غايىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كومپيۇتېرنى مەركەز قىلغان ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر مائارىپىغا سىڭىپ كىرىشى ھازىرقى زامان مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش، شۇنداقلا مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كومپيۇتېر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىمۇ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى «21 ـ ئەسىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسلىكىنىڭ كېيىنكى بەش قىسمىنى نەشر قىلىپ، كەڭ ياش ۋە ئۆسمۈر دوستلارغا يېڭى ئەسىر سوۋغىسى سۇپىتىدە سۇندى.

ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ، بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان قىسمىنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇ دەرسلىكلەرنىڭ ھەربىر قىسمى كومپيۇتېرنىڭ بىر ئويۇنىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ كىتابلار باللارنى كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناپ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتمەسلىككە، كومپيۇتېردا ئويۇن ئوينىغان ۋاقىتتا، كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە ئەسقاتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە، ياپونىيىنىڭ «رەسىمگە قاراپ كومپيۇتېر ئۆگىنىش» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى تەن خاۋچاڭنىڭ بىر قىسىم خەنزۇچە كىتابلىرىدىن ۋە خەنزۇچە 21 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كومپيۇتېر دەرسلىكلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، تىلى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، رەسىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنغان، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىتىشىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. كومپيۇتېرنى ئېچىپ كىتابتا كۆرسىتىلگەن بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بارغىنىڭىزدا، خۇددى ئوقۇتقۇچى يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ قولىڭىزنى تۇتۇپ سىزگە كومپيۇتېر ئۆگىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ ياش ۋە ئۆسمۈر دوستلارنىڭ بۇ كىتابلارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ

كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مىرشات لىتىپ تۈزگەن، ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بىر يۈرۈش ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسلىكلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەرسلىك قىلىنىپ، 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن تەكلىپ پىكىرلەرگە ئاساسەن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش، كومپيۇتېر تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنى نەشرگە تەييارلىدۇق. كىتابنىڭ مەزمۇنىدا، قۇرۇلمىسىدا يېتەرسىزلىك ھەم نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، قايتا نەشرىدە بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، كەسىپداشلار ھەمدە كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى

2001 - يىلى 7 - ئاي

# مۇندەرىجە


I باب تونېل ۋە توسۇش تاختىسى ........ 1

§ 1 . تونېل تەڭشەش تاختىسى بىلەن تونۇشۇش ........ 1

§ 2 . يېڭى تونېل قۇرۇش ........ 3

§ 3 . تونېلنى كۆچۈرۈش ........ 5

§ 4 . تونېلنى ئۆچۈرۈش ........ 7

§ 5 . تونېلنى قوزغىتىش ۋە تونېلنىڭ رەت تەرتىپىنى تەڭشەش ........ 9

§ 6 . تونېلغا ئايرىش ۋە بىرىكتۈرۈش ........ 11

§ 7 . ئارىلاشما تونېل ........ 13

§ 8 . تونېلدىن تاللانغان رايوننى ساقلاش ........ 15

§ 9 . تونېلدىن تاللانغان رايوننى چىقىرىپ تاشلاش ........ 17

§ 10 . Alpha تونېل توسۇش تاختىسىدىن پايدىلىنىپ تاللانغان رايوننى تەھرىرلەش ........ 19

§ 11 . تېز توسۇش تاختىسى مودېلىدىن پايدىلىنىپ تاللانغان رايوننى تەھرىرلەش ........ 21

§ 12 . تونېلدىن پايدىلىنىپ سۈرەتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........ 23

§ 13 . تونېلدىن پايدىلىنىپ سۈرەت بىرىكتۈرۈش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........ 25

II باب سۈرەت قەۋىتىگە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ........ 27

§ 1 . سۈرەت قەۋىتىنى تەڭشەش تاختىسىنى ئىشلىتىش ........ 27

§ 2 . سۈرەت قەۋىتىنى قوزغىتىش ۋە سۈرەت قەۋىتىنىڭ تەرتىپىنى رەتلەش ........ 29

§ 3 . يېڭى سۈرەت قەۋىتى قۇرۇش ........ 31

§ 4 . سۈرەت قەۋىتىنى كۆچۈرۈش ........ 33

§ 5 . سۈرەت قەۋىتىنى ئۆچۈرۈش ۋە بىرىكتۈرۈش ........ 35

§ 6 . سۈرەت قەۋىتىنى تاللاش تۈرلىرى ........ 37

§ 7 . سۈرەت قەۋىتىنى كېسىش، چاپلاش ۋە ئۇلاش ........ 39

§ 8 . سۈرەت قەۋىتىنى يۆتكەش ۋە ئۇدۇل كەلتۈرۈش ........ 41

§ 9 . سۈرەت قەۋىتىنى توسۇش تاختىسى ........ 43

§ 10 . سۈرەت قەۋىتىنى توسۇش تاختىسىنىڭ باشقا مەشغۇلاتلىرى ........ 45

§ 11 . تەڭشەش سۈرەت قەۋىتىنى ئىشلىتىش ........ 47

§ 12 . تەڭشەش سۈرەت قەۋىتىنى تەھرىرلەش ........ 49

§13 . سۈرەت قەۋىتىنىڭ ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش ........................ 51
§14 . سۈرەت قەۋىتى ئۈنۈمىنىڭ باشقا مەشغۇلاتلىرى ........................ 53

III باب يېزىق ۋە يېزىق ئالاھىدە ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 55
§1 . يېزىق كىرگۈزۈش ........................ 55
§2 . يېزىق رايونىنىڭ يان رامكىسىنى قۇرۇش ........................ 57
§3 . يېزىق - سۈرەت قەۋىتىنى تەھرىرلەش ........................ 59
§4 . يېزىقتا سايە ھاسىل قىلىش ........................ 61
§5 . يېزىقنىڭ يېقىملىق نۇر سايىسىنى ھاسىل قىلىش ........................ 63
§6 . نۇر چاقنىغان يېزىق ھاسىل قىلىش ........................ 65
§7 . قاپارتما نەقىش شەكىللىك يېزىق ھاسىل قىلىش ........................ 67
§8 . شارسىمان يېزىق ھاسىل قىلىش ........................ 69
§9 . سۈرەت قەۋىتى ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 71
§10 . يالقۇنجاپ تۇرغان يېزىق ھاسىل قىلىش ........................ 73
§11 . يالقۇنجاپ تۇرغان يېزىق ھاسىل قىلىشنى تاماملاش ........................ 75
§12 . دۇم كۆمتۈرۈلگەن يېزىق تەسۋىرىنى ھاسىل قىلىش ........................ 77
§13 . چۆرىسى سىزىلغان يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 79
§14 . يېزىق سىزىقلىرىنى گۈل نۇسخىسى بىلەن تولدۇرۇش ........................ 81
§15 . توسۇش تاختىسى يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 83
§16 . مېتالدىن قۇيۇلغان يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 85
§17 . چۆرىسى ھەسەن - ھۈسەندىن تۈزۈلگەن يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 87
§18 . چۆرىسى ئۈزۈك سىزىقلىق يېزىق ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش ........................ 89

IV باب سۈرەت بىرتەرەپ قىلىشقا دائىر ئەمەلىي مىساللار ........................ 91
§1 . سۇ دولقۇنى ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش (1) ........................ 91
§2 . سۇ دولقۇنى ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلىش (2) ........................ 93
§3 . ئويما ياغاچ رەسىمىنى ياساش (1) ........................ 95
§4 . ئويما ياغاچ رەسىمىنى ياساش (2) ........................ 97
§5 . چۆرىسىگە ھەسەن - ھۈسەن ھەل بېرىلگەن رامكىلىق رەسىم ........................ 99
§6 . غايىنانە مەنزىرە ........................ 101
§7 . تاماكا چېكىشنى چەكلەش بەلگىسىنى ياساش (1) ........................ 103
§8 . تاماكا چېكىشنى چەكلەش بەلگىسىنى ياساش (2) ........................ 105
§9 . تاماكا چېكىشنى چەكلەش بەلگىسىنى ياساش (3) ........................ 107
§10 . تاماكا چېكىشنى چەكلەش بەلگىسىنى ياساش (4) ........................ 109

§11 . تەسۋىر كۆچۈرگۈچتىن كۆچۈرۈلگەن سۈرەتنى بىرتەرەپ قىلىش ......... 111


V باب Photoshop5. 5 تىن دەسلەپكى ساۋات ................................ 113
§1 . Photoshop5. 5 بەت يۈزىنىڭ كۆرۈنۈشى ................................ 113
§2 . Photoshop5. 5 سۈزگۈچتىن پايدىلىنىش ................................ 116
§3 . Photoshop5. 5 File ھۆججەت تىزىملىكى ................................ 120
§4 . Photoshop5. 5 Edit تەھرىرلەش تىزىملىكى ................................ 122
§5 . Photoshop5. 5 Layer سۈرەت قەۋىتى تىزىملىكى ................................ 125
§6 . Photoshop5. 5 Select تىزىملىكى ................................ 129
قوشۇمچە ................................ 131
ئاخىرقى سۆز ................................ 135


# I باب تونېل ۋە توسۇش تاختىسى

**بۇ بابتىكى مۇھىم نۇقتىلار:** بۇ بابتا تونېل تەڭشەش تاختىسى، يېڭى تونېل قۇرۇش، تونېلنى كۆچۈرۈش ۋە ئۆچۈرۈش، تونېلنى قوزغىتىش ۋە رەتلەش، تونېلغا ئايرىش ۋە بىرىكتۈرۈش، تونېل ئارقىلىق رايون ساقلاش ۋە ساقلانغان رايوننى چىقىرىپ تاشلاش، توسۇش تاختىسى ۋە ئۇ ئارقىلىق تەھرىرلەش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## §1 . تونېل تەڭشەش تاختىسى بىلەن تونۇشۇش

Photoshop تىكى تونېلدا سۈرەتنىڭ رەڭ ئۇچۇرلىرى ساقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تونېل ۋە توسۇش تاختىسىدا تاللانغان رايوننى ساقلاپ، سۈرەتنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بىرقىسمىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۇنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ كوماندىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.






1. تۆۋەندە بىر ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق تونېل تەڭشەش تاختىسىنى تونۇشتۇرىمىز. ئالدى بىلەن Photoshop نىڭ بىر سۈرەت ھۆججىتىنى ئېچىپ، كۆزنەك (窗口) تىزىملىكىدىن تونېلنى كۆرسىتىش (显示通道) ناملىق كوماندىنى چەكسەك، سول تەرەپتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تونېل تەڭشەش تاختىسى ئېچىلىدۇ.


2. تونېل تەڭشەش تاختىسىدا سۈرەتتىكى بارلىق تونېللار كۆرۈنىدۇ. تونېل مەزمۇنىنىڭ كىچىكلىتىلگەن رەسىمى تونېل نامىنىڭ سول تەرىپىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ مىسالدا تونېل تاختىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىرىكمە تونېل، ئاندىن B،G،R تونېللار، ئەڭ ئاخىرىدا قۇش ناملىق توسۇش تاختىسى كۆرسىتىلدى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com








3. تونېل تاختىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «▶» ئىسترېلكىنى چەكسەك، تونېل تىزىملىكى ئېچىلىدۇ. بۇ تىزىملىك، سول تەرەپتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك يېڭى تونېل (新通道)، تونېلنى كۆچۈرۈش (复制通道) قاتارلىق كوماندىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.


4. بىر تونېل كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىر كۆز سىنبەلگىسى كۆرۈنىدۇ، بۇ سىنبەلگىنى چېكىش ئارقىلىق تونېلنى كۆرسىتىش ياكى يوشۇرۇشنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بىر يەككە تونېلنىڭ خالىغان بىرىكىشىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، Alpha تونېلى بىلەن بىرىكمە تونېلنى بىرلىكتە كۆرسىتىپ، Alpha تونېلدا ئېلىپ بارغان بارلىق ئۆزگەرتىشنىڭ بىر پۈتۈن سۈرەتكە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى كۆزىتىشكە بولىدۇ.

5. RGB تونېلنىڭ ئالدىدىكى كۆز سىنبەلگىسىنى چەكسەك، ئۇ تاقىلىدۇ. Alpha تونېلىدا تاللىغان سۈرەت ئېلېمېنتى ئادەتتە ئاق رەڭدە كۆرۈنىدۇ، سىستېما ئۆزى بەلگىلىگەندە يەككە تونېل كۈل رەڭ كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ كۆز سىنبەلگىسىنى سۈرسەك، كۆپلىگەن تونېللارنى كۆرسىتىش ۋە يوشۇرۇشنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

# §2 . يېڭى تونېل قۇرۇش


Photoshop تا سۈرەت ھۆججىتىگە يېڭى تونېل قۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. تۆۋەندە بىر سۈرەت ھۆججىتىنى ئېچىپ، كۆزنەك تىزىملىكىدىكى تونېل كۆرسىتىش كوماندىسىنى تاللاپ، تونېل تەڭشەش تاختىسىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى تونېل قۇرۇش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.







1. يېڭى تونېل قۇرۇش ئۈچۈن، تونېل تاختىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «▶» ئىسترېلكىسىنى چېكىپ، ئېچىلغان تىزىملىكتىن (新 通 道) يېڭى تونېل كوماندىسىنى چېكىپ، يېڭى تونېل دىئالوگ رامكىسىنى ئاچىمىز. بۇ يەردە بىز يېڭى تونېلنىڭ بىر قىسىم خاسلىقلىرىغا نىسبەتەن بەلگىلەش ئېلىپ بارىمىز.

2. ئېچىلغان دىئالوگ رامكىسى نامى (名称)، رەڭ كۆرسەتمىسى (颜色指示) ۋە رەڭ (颜色) قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. بىز «نامى» دېگەن رامكىغا يېڭى بىر نامنى كىرگۈزىمىز. توسۇش تاختىسى قىلىنغان رايون (被蒙板区域) ۋە (所 选 区 域) تاللانغان رايون نامىلىق بۇ ئىككى تەكرار تاللاش رامكىسى تونېلنىڭ توسۇش تاختىسىنى تەھرىرلەش ۋە تاللانغان رايوننىڭ رەڭ ۋە سۈزۈكلۈك ھالىتىنى بەلگىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.








3. رەڭ (颜色) قىسمىدىكى كۆادرات شەكىللىك رەڭ بۆلىكىنى چەكسەك، رەڭ تاپقۇچ (拾色器) كۆزنىكى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭدىن تونېلنىڭ رەڭگىنى تاللىيالايمىز ھەمدە HSB، RGB، Lab ۋە CMYK قاتارلىق رەڭ مودېلىدىن رەڭ تاللىيالايمىز. رەڭلىك رايوندا تاللاش ئېلىپ بارغاندا، رەڭ رايونىدىكى يۇمىلاق نۇر بەلگىسى رەڭ ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئېھتىياجلىق بولغان رەڭنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ياخشى (好) ناملىق كۇنۇپكىنى چېكىمىز.


4. يېڭى تونېل ناملىق دىئالوگ رامكىسىدىكى بەلگىلەشلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياخشى (好) ناملىق كۇنۇپكىنى چەكسەك، يېڭى تونېل تونېل تاختىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە كۆرۈنىدۇ. سول تەرەپتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەنـدەك، ئۇ سۈرەت كۆزنىكىدىكى كۆرۈنىدىغان بىردىنبىر تونېلدۇر.

5. ئۇنىڭدىن باشقا، تونېل تاختىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يېڭى تونېل (新通道) ناملىق كۇنۇپكىـنى چەكسەك، يېڭىدىن ئىشلىتىدىـغان Alpha تونېلى ئاپتوماتىك ھالدا قۇرۇلىدۇ، يېڭى تونېلغا سولدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە نام بېرىلىدۇ. ئەگەر (Alt) كۇنۇپكىـسىنى بېسىپ تۇرۇپ، تەڭشەش تاختىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يېڭى تونېل (新通道) ناملىق كۇنۇپكىـنى چەكسەك، يېڭى تونېل دىئالوگ رامكىسى كۆرۈنىدۇ.

# §3 . تونېلنى كۆچۈرۈش


سۈرەت ئىچىدە ياكى سۈرەتلەر ئارىسىدا ھەرقانداق تونېلنى كۆچۈرۈشكە بولىدۇ. سۈرەت تونېلىغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن تونېلنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ، زاپاس نۇسخىسىنى ساقلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تونېل كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى بىزنىڭ تونېلنى تەھرىرلىشىمىز ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. تۆۋەندە تونېلنى كۆچۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.







1. بىر سۈرەت ھۆججىتىنى ئېچىپ، تونېل تاختىسىدىن كۆچۈرمەكچى بولغان تونېلنى تاللايمىز. تونېل تاختىسىنىڭ تىزىملىكىدىن تونېلنى كۆچۈرۈش ناملىق كوماندىنى (复制通道) چېكىپ، تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن سۈرەت قەۋىتىنى كۆچۈرۈش ناملىق دىئالوگ رامكىسىنى ئاچىمىز.

2. دىئالوگ رامكىسىدىكى نامى تېكىست رامكىسىغا (名称) كۆچۈرۈلىدىغان تونېل نامىنى، مەسىلەن، «红副本» نى كىرگۈزىمىز ھەمدە يەنە تونېلنىڭ نىشان دوكۇمېنتىنى تاللاشقىمۇ (文档) بولىدۇ. دوكۇمېنت ھازىرقى دوكۇمېنت، باشقا ئېچىلغان سۈرەت دوكۇمېنتى ياكى يېڭىدىن قۇرۇلغان سۈرەت دوكۇمېنتى بولسىمۇ بولىدۇ. دوكۇمېنت ناملىق رامكىدا ھازىرقى دوكۇمېنتنى تاللاپ [Enter] كۇنۇپكىسىنى باسقاندىن كېيىن «红副本» ناملىق تونېل تەڭشەش تاختىسىدا كۆرۈنىدۇ.





3. كۆچۈرمەكچى بولغان تونېل ئۈستىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چەكسەك، بىر كوماندا تىزىملىكى كۆرۈنىدۇ، بۇ تىزىملىك تونېلنى كۆچۈرۈش (复制通道) ۋە تونېلنى ئۆچۈرۈش (删除通道) كوماندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تونېلنى كۆچۈرۈش كوماندىسىنى چەكسەك، تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك دىئالوگ رامكا ئېچىلىدۇ.


4. ئەگەر بىز دوكومېنت (文档) تىن يېڭى قۇرۇش (新 建) كوماندىسىنى تاللىساق، ئۇ هالدا دوكومېنت (文档) نىڭ ئاستىدىكى (名称) ناملىق تېكىست رامكىسى تەھرىرلەش هالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر كۆچۈرۈلگەن تونېلدىكى (蒙板) تاللانغان توسۇش تاختىسى بار رايوننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، فازا ئۆرۈش (反相) نى تاللىساق بولىدۇ. يېڭى سۈرەت نامىنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، ياخشى (好) ناملىق كۇنۇپكىنى چەكسەك، يېڭى قۇرۇش كوماندىسى تونېلنى يېڭى سۈرەت هۆججىتىگە كۆچۈرىدۇ، بۇ بىر تونېلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تونېللىق سۈرەتتۇر.

5. بىز يەنە تونېلنى تەڭشەش تاختىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى يېڭى تونېل (新通道) ناملىق كۇنۇپكىنىڭ ئۈستىگە تارتىپ ئاپىرىش ئارقىلىق، سۈرەت ئىچىدە تونېل كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارالايمىز. تونېلنى باشقا بىر سۈرەتكە كۆچۈرۈش ئۈچۈن، نىشانلانغان سۈرەتنىڭ ئېچىلغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاندىن مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، تونېلنى نىشانلانغان سۈرەتكە تارتىپ ئەكەلسەكلا بولىدۇ.

## § 4 . تونېلنى ئۆچۈرۈش

تونېل تەلەپ قىلىدىغان ھۆججەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تونېلدىكى سۈرەت ئېلېمېنتى ئۆچۈرىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھۆججەتكە قارىتا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا قۇرغان ياكى كۆچۈرگەن تونېل ھۆججەتنىڭ چوڭلۇقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا سۈرەتنى ساقلاشتىن بۇرۇن، كېرەكسىز تونېللارنى ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك. تۆۋەندە بۇ مەشغۇلات بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.





1 . سۈرەت ھۆججىتىنى ئاچىمىز. تونېل تاختىسىدىن بىر دانە «RGB» رەڭلىك بىرىكمە تونېلنى، بىر دانە « 红副本 » ناملىق تونېلنى ھەمدە قىزىل (红)، يېشىل (绿)، كۆك (蓝) قاتارلىق ئۈچ ئاساس رەڭ تونېللىرىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى «RGB» رەڭلىك بىرىكمە تونېلى بولسا، بەلگىلىك رەڭ مودېلى ئاستىدا ھەرقايسىسى مۇستەقىل ئاساسىي رەڭ تونېللىرىدىن بىرىككەن بولغاچقا، ئۇنى ئۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.

2 . تونېل تاختىسىدىن، ئۆچۈرمەكچى بولغان تونېلنى تاللاپ، (مەسىلەن « 红副本 » نى)، ئاندىن تەگشەش تاختىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كېرەكسىز قەغەزلەر تاشلىنىدىغان سېۋەت « 废纸篓 » ناملىق كۇنۇپكىنى چەكسەك، سول تەرەپتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك دىئالوگ رامكىسى كۆرۈنىدۇ. ئەگەر « 是 » ناملىق كۇنۇپكىنى چەكسەك، تونېل ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com